زاهىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى



مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

زاهىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى

(تارىخي پوۋېست)

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ

责任编辑
责任校对：胡达百尔的

图书在版编目(CIP)数据

农家孩子/萨吾达诺夫著. 一北京：民族出版社，2005.4
ISBN 7-105-06892-2
Ⅰ.农... Ⅱ.萨... Ⅲ.中篇小说一中国-当代一维吾尔语(中国少数民族语言)
Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2005)第 026918 号

出版发行：民族出版社　　http://www.e56.com.cn
社　　址：北京市和平里北街 14 号　　邮编：100013
电　　话：010-64290862（维文室）
印　　刷：北京迪鑫印刷厂
版　　次：2005 年 5 月第 1 版　2005 年 5 月北京第 1 次印刷
开　　本：850 毫米×1168 毫米
印　　张：6.75
印　　数：0001-3000 册
定　　价：9.00 元

مەسئۇل مۇھەررىر
:خۇدا بەردى خېلىل
مەسئۇل كوررېكتور

زاھىر ساۋدانوپ

# سەھرا ئوغلى

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2005 ـ يىل 5 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 6.75
سانى : 0001 ـ 3000
باھاسى : 9.00 يۈەن



ئۇرۇش قەھرىمانى ئىسمائىل مەمەت



ئۇرۇش قەھرىمانى زىخرۇللام نادىر ئاخۇن ئوغلى

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر:

قــولىڭىزدىكى بۇ تارىخىي پوۋېستتا ئوخشىمىغان ئىككى خىل تارىخىي مەزگىلدىكى—ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەزگىللەردىكى ئىككى سەھرا ئوغلىنىڭ ئىنقىلابىي سەپتە ھەربىي خىزمەت ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە قەھرىمانلىق بىلەن ئۇرۇش قىلغان تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرى بايان قىلىنغان.

بۇ جەڭگىۋار ئوغلانلارنىڭ مۇھىم تارىخىي قىممەتكە ئىگە كەچۈرمىشلىرى ئەۋلادلارغا ئۆتكەن زامانىنىڭ مۇھىم شەخسلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۇلۇغ ياشاش روھىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ئۆچمەس ماياك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەزكۇر پوۋېستتا بۇ سەھرا ئەزىمەتلىرىنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇن مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ ۋە فېئودال پومېشچىكلارنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان جاپا-مۇشەققەتلىك كۈرەش ھاياتى ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى قەھرىمانلىق ئىش ئىزلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلدى.

بۇ ئەسەردە ئوخشىمىغان مەزگىللەردىكى سىياسىي، ئىدىيىۋى، ئىجتىمائىي كۈرەشلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى يورۇتۇپ بېرىش بىلەن ئاشۇ قەھرىمانلارنىڭ ئــۆتمۈشى، تارىخىي كەچۈرمىشلىرىدىكى ھەقىقىي رېئاللىقنى ۋە تراگېدىيىلىك ئۆتمۈش تۇرمۇشىنى، ئۇنتۇلماس تارىخى ۋە ئۆچمەس ئىزلىرىنى ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇرۇپ، بۇ قەھرىمانلارنى ئەسلەپ تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بۇ ئىككى ئۇرۇش قەھرىمانى پۈتۈن ھاياتىنى خەلقنىڭ ئازادلىقى، ۋەتەننىڭ تۇپرىقىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق ھاياتىنى قۇربان قىلغان ئۇيغۇر ئوغلانلىرىدۇر.

مــەن بــۇ ئىككى قەھرىماننىڭ رېئاللىقتىكى شاھىدى بولۇشۇم بىلەن

ئۇلارنىڭ شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇپ ۋەتەنگە، جۈملىدىن شىنجاڭ خەلقىگە، ئۇيغۇر مىللىتىگە كەلتۈرگەن شەرىپىنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەنلەر، بۇ پوۋېست ئىككى ئۇرۇش قەھرىمانىنىڭ بارلىق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى ۋە قەھرىمانلىق ئوبرازىنى تولۇق يورۇتۇپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن.

بۇ پوۋېستنىڭ بەدىئىيلىك جەھەتتە تەلەپكە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرى بولۇشى مۇمكىن. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ياردەم قىلىپ تولۇقلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**ئاپتوردىن**

2002-يىل 10-ئاي

# مۆندەرجە

1 ـ قسم ........................................(1)

2 ـ قسم........................................(154)

3 ـ قسم ........................................(191)

# 1-قىسىم

ئىلى دىيارىنىڭ سەھرالىرى باشقا يۇرتلارنىڭ سەھرالىرىغا ئوخشىمايدىغان بىر خىل ئۆزگىچە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە.

ئەگەر ئىلى سەھرالىرىغا چىقسىڭىز يول بويى شۇنداق چىرايلىق سالا-سالا ئېتىزلار، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سايە تاشلاپ تۇرغان تېرەكلەر، ئېرىقلاردا شارقىراپ ئېقىۋاتقان مەرۋايىتتەك سۈزۈك سۇلار، تېرەكلەر ئارىسىدىكى ئوت-چۆپلۈكتە ئۆسۈپ ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەر، يازنىڭ سەلكىن شاماللىرى دىمىغىڭىزغا پۇرىقىنى ئېلىپ كەلگەن يالپۇزلار، يىراق-يىراقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن قوي، كالا پادىلىرىنى كۆرۈپ ھۇزۇرلىنىسىز، سەھراغا يېقىنلاشقانسېرى بوستانلىق ئىچىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللە كۆزىڭىزگە چېلىقىدۇ.

مەھەللىنىڭ بېشىدا ئۆستەڭدە قىيپ يالىڭاچ چۆمۈلىشىۋاتقان ئۇششاق بالىلار سىزنى كۆرگەندە ئىزا تارتىپ سۇنىڭ ئىچىگە باش چۆكۈرۈپ كىرىپ كېتىشىدۇ، تۇرۇپ بىر-بىرىگە سۇ چېچىپ ئوينايدۇ. مەھەللە ئىچى رەت-رەت كوچىلار، كوچىلارنىڭ ئىككى يېنىدا رەتلىك تىكىلگەن ھەر خىل تېرەكلەر مەھەللىگە، يەنى يولغا سايە تاشلاپ تۇرىدۇ. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە شىرقىراپ ئېقىۋاتقان ئېرىق سۇلىرى.

رەتلىك خام كېسەك بىلەن سېلىنغان ئاددىي دېھقان ئۆيلىرىنىڭ تاملىرى، ئاياللىرىنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن سىنكا سېلىپ ئاقارتىلىپ تۆۋىنى 50-60 سانتىمېتىر كەڭلىكتە قىزىل گىل (بىر خىل توپا) بىلەن سۇۋاپ قويۇلغان، قورولىرى شوىداق پاكىز، يازنىڭ كۆنى ئىشىكنىڭ ئالدىغا تېرىۋەتكەن چىرايلىق گۈللەر، رەڭگارەڭ ئېچىلىپ كەتكەن مېزان گۈللەرنىڭ ھىدى دىمىغىڭىزغا گۈپۈلدەپ پۇراپ تۇرىدۇ، ئۆينىڭ ئالدى ئۈزۈم بارىگى، ھويلىسىنىڭ كەينىدە ئازراق باغ، ھەرخىل مېۋىلەر ۋە تېرىۋالغان ئازراق پەمىدۇر، لازا، پىدىگەن، جاڭدۇ قاتارلىقلار، دەرۋازىسىنىڭ خىزمىتىنى ئۆتەيدىغان غورو، يەنى ”قاشا“، مال كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈنلا توراپ قويۇلىدۇ.

چايخانىنىڭ كاۋا باراڭلىرىدا سارغىيىپ پىشىۋاتقان كاۋىلار، ئېسىلىپ كەتكەن چاي قاپىقى، باللار ئوينايدىغان تاش قاپاقلار سىزنىڭ ئۆزگىچە زوقىڭىزنى تارتىدۇ. كوچىلارمۇ شۇنداق پاكىز، ئەتىگەن-كەچلەردە قەلقە ياغلىقىنى چېكىسىدىن چىرايلىق تېڭىپ، قۇلىقىغا مىزان گۈللىرىنى قىسىۋالغان، قىسقا قويۇۋالغان قوشۇما قاش ئوسمىلىرى ۋە قولىدىكى ئوتقاشتەك خېنىلىرى خويمۇ ياراشقان چىرايلىق غۇنچە بوي سەھرا قىزلىرى كۆندە ئىككى قېتىم كوچا، قورولارغا سۇ سېپىپ، بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ سۈپۈرۈشۈپ تۇرىدۇ.

كەچقۇرۇنلىرى پادىدىن قايتقان قويلارنىڭ مەرەشلىرى، كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى، دېھقانلارنىڭ ئېتىزدىن قايتقاندىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلىرى ئادەمنىڭ روھىنى كۆتىرىپ، سەھراغا بولغان زوقىنى تارتىدۇ.

ھەربىر قورونىڭ ئالدىدا چۆجىلىرىنى ئەگەشتۇرۇپ يۇرگەن توخۇلار بىر-بىرى بىلەن دان تالىشىپ، بىر-بىرىنى چوقۇشۇپ كېتىدۇ. ھەربىر ئۆينىڭ ئالدىدىن ئۆتسىڭىز پىدىگەن، لازىنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى دىمىغىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ ئاغزىڭىزغا شۆلگەي كېلىدۇ.

تاماقتىن كېيىن ئېرىق بويلىرىدا قاچا-قۇچا يۇيىۋاتقان كېلىنلەرنىڭ جاراڭلىق شوخ كۇلكىلىرى سەھرانىڭ كەچلىك مەنزىرىسىگە ئالاھىدە ھۆسن قوشۇپ تۇرىدۇ. كۇندۇزلىرى سەھرا كوچىلىرىنى ئايلىنىپ چىقسىڭىز، كەڭ كەتكەن دالادىكى ئېتىزلاردا پىشىۋاتقان ئالتۇن باشاقلىق بۇغدايلار سەلكىن شامالدا يەلپۈنۈپ تۇرغان قوناق، شىمىشكا، ئوخشاپ كەتكەن قىچا، زىغىرلار، مەھەللىلەردە ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇللۇق باغلار كۆرۈنىدۇ، باغلارغا كىرىپ بىردەم-يېرىمدەم دەم ئېلىپ ئولتۇرسىڭىز ئەتراپتىكى باغلاردىن كاككۇكنىڭ مۇڭلۇق، بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى، ئۇنىڭغا جور بولغاندەك، يىراق-يىراق ئېتىزلاردىن شامال ئېلىپ كېلىۋاتقان دېھقان يىگىتلىرىنىڭ مۇڭلۇق، يېقىملىق شوخ ناخشىلىرى ئاڭلىنىدۇ، ياز كۇنى ئىلىنىڭ سەھرالىرىغا بىرەر تۇغقىنىڭىزنى يوقلاپ چىقىپ قالسىڭىز، كەتكىڭىز كەلمەي، سەھراغا يېپىسىز باغلىنىپ قالىسىز.

مەھەللىلەر شۇنداق كۆڭۈللۇك، ئەتىگەندە چاي ۋاقتىدا تونۇرلاردىن سۇت قويۇپ، سىيادان سېلىپ ياققان توقاچلارنىڭ مېزلىك پۇراقلىرى كېلىپ تۇرىدۇ، چۈنكى يېزىلاردا ياز كۇنى سەھەردە نان يېقىش بىر خىل ئادەت. ئىشچان سەھرا ئاياللىرى مېھمانلارغا ئاتاپ تەييارلىغان ئەتىگەنلىك قايماقلىق چايلار بىلەن



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئۆگرە، پىيازلارنى چېچىپ ئەتكەن ھورلۇق نانلىرى كۆزىڭىزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

نان يېقىپ بولۇپ، تونۇرغا كۆمگەن نانغا تېگىشكۈسىز تاتلىق چاقما كاۋىلىرى سىزنى ئىجتىيارسىز ئۆزىگە جەلب قىلىدۇ.

قىسسىقىسى، ئىلى سەھرالىرىنى قانچىلىك تەسۋىرلىسىڭىز ھەرگىزمۇ ئاشۇرۇۋەتكەن بولمايسىز. مۇشۇنداق گۈزەل سەھرا دېھقانلىرى كۆز كۆنلىرىدە بۇغداي، قوناق ئاشلىقلىرىنى شەھەرگە كۆتەك هارۋا، ئېشەك ھارۋىلىرىدا ئەكىرىپ ساتاتتى.

لېكىن شەھەرلىك بەزىبىر بايۋەتچىلەر سەھرالىق دېھقانلارنى چاقىرسا: «ھەي سەھرالىق تومپاي، سەھرالىق ياغاچ قولاق، داڭگال» دەپ كەمسىتەتتى، ھاقارەتلەيتتى، پەقەتلا كۆزگە ئىلمايتتى.

ئۇلارنىڭ مىڭ بىر جاپادا بىر يىل قان تەر ئاققۇزۇپ يىغقان ئاشلىقلىرىنى كوملاپلا ئەرزان باھادا ئېلىۋالاتتى. بىچارە دېھقانلار شۇنىڭغىمۇ رەھمەت، دەپ خۇشال بولۇپ كېتەتتى.

بەزىبىر كەمبەغەل دېھقانلار ئاشلىقلىرىنى سېتىپ قەرز تۆلەپ، بىر قۇر كىيىم-كېچەك قىلىپ، زىمىستان قىشنى كاۋا، قىزىلچا، ياڭيۇ كۆمۈپ يەپ تۇرمۇشنى ئىنتايىن غورىگۇل ئۆتكۈزەتتى. لېكىن سەھرالىق دېھقانلارنى ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ، ئۆزلىرى ھەشەمەتلىك ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ، چوڭ يەپ چوڭ ئىچىدىغان بايلار دېھقانلارنىڭ يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ ئېتىزلىرىغا قوشۇۋېلىپ، زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ تۇرغاچقا، سەھرا دېھقانلىرىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىۋاتاتتى.

ھازىر غۇلجا ناھىيىسىگە قاراشلىق «قىشلاق تام» يېزىسىمۇ ئىلى دەريا بويىغا جايلاشقان چەت، نامرات يېزىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇنىڭدەك ئۇ يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئىلى سەھرالىرىنىڭ تىپىك مىسالىدۇر. قىشلاق تام يېزىسىمۇ شۇنداق كۆجۈم مەھەللىلىك سەھرالارنىڭ بىرى ئىدى.

مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتۈپ ئاخىرىغا بارغاندا سول تەرەپكە كىرىدىغان بىر تار كوچا بار. بۇ كوچىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. تار كوچىدىن ئايلىنىپ ئوڭ قولدىكى تاملىرى كونىراپ كەتكەن قورونىڭ ئالدىدا نۇرغۇن يېرىم يالىڭاچ ئۇششاق باللار ئوينىشىۋاتاتتى.

بۇ تار كوچىنىڭمۇ ھەربىر قاشاسى ئالدىدا سۆگەت، قارىياغاچ، چوكانتاللار كوچىغا ئۆزگىچە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. بۇ كوچىدا ئوينىشىۋاتقان ئۇششاق باللاردىن باشقا بىرنەچچە ئاياللار ئېرىق بويلىرىدا پۇتلىرىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ سالغاچ كەپسىز باللارغا ھايت-ھۇيت دەپ ۋارقىرىشىپ قوياتتى.

بۇ يازنىڭ ئىسسىق ۋاقلىرى—8 -ئاي مەزگىللىرى ئىدى. ۋاقىت نامازدىگەرگە يېقىنلىشىپ قالغان بولسىمۇ كۈن ئولتۇرىدىغانغا تېخى بالدۇر ئىدى.

شۇ چاغدا بۇ كوچىنىڭ تىنچلىقىنى بۇزۇپ ئويناۋاتقان باللار تۇيۇقسىزلا قىيا-چىيا قىلىپ بىرى-بىرى بىلەن مۇشتلىشىپ پومداقلىشىپ كەتتى.

باللار بىردىنلا ئىككى تەرەپ بولۇپ مۇشتلىشىپ توپا چېچىشىپ كەتتى. بۇ چاغدا تازا قىزىق پاراڭغا چۈشكەن ئاياللار بىردىنلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ ساراسىمگە چۈشۈپ باللارنى

ئاجراتقىلى تۇردى، كوچىنى بىردەمدىلا قىقاس-سۈرەن قاپلاپ كەتتى.

يەتتە، سەككىز ياشلاردىكى قارا قومچاق ئورۇق، ئېگىز، قارا قاش، قارىقاتتەك قارا، يوغان كۆزلىرى ئاچچىقتىن تېخىمۇ يۇغىناپ كەتكەن بالا ئالدىدىكى ئۆزىدىن ئىككى ئۈچ ياش چوڭراق، ئاق پۇشماق، ئوبدان كېيىنىۋالغان تەتۈر ئۇستىخان، خام سېمىز بالىنى ئاستىغا بېسىۋېلىپ غەزەپ بىلەن ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشتلاۋاتاتتى.

شۇ ئارىلىقتا، غۇنچە بوي، ئىككى ئۆرۈم چېچى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرغان بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرىدىغان مۇلايىم، ئورۇق، ئىنچىكە، يەڭلىرى تۇرۇكلۇك، ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغان بىر چوكان قورادىن يۈگۈرۈپ چىقىپ: «ۋاي جېنىم بالام زىخرۇللام، نېمانداق جېدەل تېرىيدىغانسەن؟» دەپ بالىنى تارتىپ ھېلىقى خام سېمىز بالىنىڭ ئۈستىدىن تۇرغۇزىۋەتتى-دە، ھېلىقى خام سېمىز بالىدىن: «جېنىم بالام ئەخمەت خاپا بولمىغىن، زىخرۇللام كىچىك ئەمەسمۇ، ئۇقۇشماي سېنى ئۇرۇپ قويۇپتۇ» ، دەپ ئەپۇ سورىغاچ بالىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ، ئۇستى-باشلىرىنى قېقىشتۇرۇپ، ئەندى ئۆيۈڭگە كېتىۋال، مەن بۇ ھارىمىنى دادىسى كەلگەندە راسا ئەدىپىنى بەرگۈزىمەن، دەپ يولغا سالدى. خام سېمىز بالا خەپ توختاپتۇر گادايلار، مەن دادامغا دەپ ئەدىپىڭنى بەرگۈزمىسەم ھېساب ئەمەس، دەپ مۇشتىمىنى تۈگۈپ ئۇلارغا بىر نەچچە رەت شىلتىپ قويۇپ كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ كېتىپ قالدى. گۈلزىرىخان زىخرۇللامنى قولىدىن يېتىلەپ قوراغا ئېلىپ كىرىپ باغرىغا بېسىپ

ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاپ كەتتى.

ئانىنىڭ يۈرىكى قاتتىق پۇچىلانغان ئىدى. ئادەتتە زىخرۇللام كەم سۆز، ئەرزىمەس ئىشلارغا ئۇرۇشىدىغان بالا ئەمەس ئىدى.

نىيمىشكىمۇ باينىڭ بالىسىغا، يەنە كېلىپ قادىر باينىڭ بالىسىغا تېگىشكەنسەن بالام، ئۇنىڭسىزمۇ قادىر بايدىن تارتىدىغان خورلۇقلىرىمىز ئاز ئەمەس ئىدىغۇ، دەپ يىغلاپ كەتتى. قادىر باي ئەندى بىزدىن ئۈچ ئالسا قانداقمۇ قىلارمىز، داداڭ ئىككىمىزگە بالا تېرىپ بەردىڭ، ھېلىمۇ كۈنلىرىمىزنىڭ غورىگۈل ئۆتىۋاتقىنى يەتمەمدۇ؟ دەپ يىغلاپ كەتتى. بالىنىڭ مۇشتۇملىرى تېخىچىلا تۈگۈلگۈك، قارىقاتتەك كۆزلىرى ئوت بولۇپ يېنىۋاتاتتى. يىغلىمىغىنا ئاپا، ئۆزى بىكاردىن بىكارلا بالىلار بىلەن ئويناۋاتسام ماۋۇ گادايىنىڭ بالىسىنى قارا، كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى دەپ، گەپ قىلمىسام پۇتۇمغا بىرنى تەپتى. ئۇنىڭ پۇتىدا بەتىنكە بولغاندىكىن مېنىڭ پۇتۇمنى قانىتىۋەتتى. بىكاردىن ئۇرغاندىكىن ئۇردۇم، مەن ئۇنى بىر كۈنى ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئاپا دەپ، باياتىن يىغلىمىغان بالا ئاپىسىغا ئېسىلىپ قاتتىق يىغلاپ كەتتى. بۇ سەبىينىڭ يۇمران، نازۇك قەلبىنى قانداقتۇر بىر ھاقارەت، بىر كەمستىش لەرزىگە سېلىپ، غەزەپ-نەپرىتىنى ئۆرلىتىۋاتقان ئىدى. ئانا ئانىلىق مېھرى-مۇھەببىتى بىلەن بالىنىڭ بېشىنى سىيلىغاچ كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋاتاتتى.

ئانىنىڭ يۈرىكى ئاچچىق بولۇپ، مۇنچاقتەك ياشلىرى كۆزىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىقىۋاتاتتى. بالا ئاپىسىغا ئېسىلىپ تۇرۇپ: «ئاپا، مەن گەپ قىلمىسام ئۇ مېنى قەلەندەرنىڭ بالىسى، قۇرۇق سوغا زاغرا چىلاپ يەيدىغان گادايلار، شۇنىڭ

ئۇچۇن سەن ئاچا ياغاچتەك قېتىپ قالغان دەپ تىللىدى» دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ غورۇرى دەپسەندە قىلىندى، بۇ خورلۇقلارغا قانچىلىك ئازابلانمىدى دەيسىز.

شۇنداق بولسىمۇ بالىنىڭ يەنە ئىش تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ: «جېنىم بالام، ئۇ راست دەيدۇ، بىز گاداي تۇرساق ئۇلار دېگەن بايلار، نېمە دېگۈسى كەلسە شۇنى دەيدۇ ساقام، بۇندىن كېيىن ئۇلار بىلەن ئوينىما، يەنە ئۇرۇشۇپ قالمىغىن، سەن تېخى كىچىك، جىق ئىشلارنى بىلمەيسەن» ، دەپ بالىنىڭ باش كۆزلىرىگە سۆيۈپ بەزلەۋاتاتتى. تۇيۇقسىزلا بالىنىڭ بىر سوئالى ئانىنى گاڭگىرىتىپ قويدى.

بالا ئاپىسىنىڭ كۆزىگە مىختەك تىكىلىپ تۇرۇپ: «ئاپا، ئۇلار نېمىشكە شۇنداق باي، ئۇلارنىڭ يوغان هويلىلىرى، چىرايلىق ئۆيلىرى، شۇنداق جىق قوي، كاللىرى بار، بىزنىڭ نېمىشكە يوق؟» دەپ سوراپ قالدى. ئانىنىڭ بېشىغا چاقماق چۈشكەندەك، هاۋا قاتتىق گۈلدۈرلەۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. «ئاھ، خۇدا، -دەيتتى ئانا ئىچىدە، بۇ بالىغا نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟! خۇدا بىز ساڭا نېمىمۇ گۇناھ قىلغان بولغىيتتۇق؟ سەن نېمە ئۇچۇن ئىنسانلارنى باي-كەمبەغەل ياراتقانسەن؟» دەپ ئىچىدە نالە-پەرياد چېكىۋاتقان بولسىمۇ، بالىغا جاۋاب تاپالمايۋاتاتتى. ئاخىر ئانا زۇۋانىغا كەلدى: «بالام، بىزمۇ سەن چوڭ بولغاندا باي بولىمىز، سەن چوڭ بولۇپ داداڭ بىلەن بىرگە ئىشلەپ نۇرغۇن پۇل تاپىسەن» دېدى ئاران تەستە.

ئانىنىڭ قەلبى قاتتىق ئازابلىنىۋاتقان بولسىمۇ، يەنە بىر تەرەپتىن بالىسىنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ شۇنداق جىگەرلىك

ھەققانىيەتچى كۆچلۈك چوڭ بولىۋاتقانلىقىدىن سۆيۈندى.

ئاپىسىنىڭ مۇجمەل جاۋابىغا قايىل بولمىغان بولسىمۇ، يەنىلا بۇ سەۋەبىي بالا كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ: «ئاپا، مەن دادام كەلگۈچە قويلىرىمغا يەم، توخۇلىرىمغا دان سېلىپ بېرەي» دەپ ئاپىسىنىڭ قۇچىقىدىن بوشىنىپ بالىلىق شوخلۇقى بىلەن ئۆيىنىڭ كەينىگە چىقىپ كەتتى. گۈلزىرخان ئانا بالىسىغا تولۇق جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىدىن خىجالەت بولدىمۇ ياكى بالىنىڭ ئىشچانلىقىدىن سۆيۈندىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ يۈز كۆزلىرىنى يۇيۇپ كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى.

كۈنمۇ خېلى كەچ بولۇپ قالغان ئىدى. ئاڭغىچە نادىر ئاخۇنمۇ مۇرىسىگە ئورغاقنى قويۇپ بىر باغ ئوتنى دۈمبىسىگە ئارتىپ ھارغىن قىياپەتتە قورۇغا كىرىپ كەلدى.

نادىر ئاخۇن ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭ، قارا قاش، كۆزلىرى يوغان، قاڭشارلىق، ئورۇق، ياش تۇرۇپ ئېغىر ئەمگەك دەستىدىن بەللىرى مۈكچىيىپ قالغان، خۇش پىچىم، چاقچاقچى، ناخشاخۇمار، توغرا سۆزلۈك ئاق كۆڭۈل دېھقان، قەلبىدىكى تۈگىمەس ئازاب-ئوقۇبەت، خورلۇقلارنى يوشۇرۇش ئۈچۈن كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى.

نادىر ئاخۇن دۈمبىسىدىكى ئوت بىلەن ئورغاقنى باراڭنىڭ يېنىغا قويۇپ ئۇھ دەپ بىر چوڭقۇر نەپەس ئالدى-دە، ھارغىن قىياپەتتە ئېرىنچەكلىك بىلەن مۇزدەك سۇدا يۈز كۆزلىرىنى پاكىز يۇيۇپ، بېلىدىكى قارا پوتىسىنى يېشىپ پوتىنىڭ ئۈچىدا يۈز-كۆزلىرىنى سۈرتتى، ئاندىن بېشىدىكى ئاق كىگىز مالخايىنى باراڭنىڭ شېخىغا ئارتىپ قويۇپ، گۈلزىرخان چايخانىغا سېلىپ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com